


# گۈزەتچى مايمۇن



شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

# مۇندەرىجە

كۆزەتچى مايمۇن ........................ 1
قايسىڭلار بۇ تەڭگىنى يوشۇرۇپ قويالايسىلەر؟ ........................ 8

# کۆزەتچی مایمۇن

## تەجرىبىنى توغرا يەكۈنلەش

ھېكايە قىلىنىشىچە، بۇرۇن بىر سودىگەرنىڭ ناھايىتى ئەقىللىق بىر مايمۇنى بار ئىكەن. سودىگەر مايمۇننى ئوغرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن دۇكىنىغا كۆزەتچى قىلىپ قويىدىكەن. مايمۇنمۇ دۇكانغا ناھايىتى ياخشى قارايدىكەن. ئىگىسى يوق چاغدا بىرەرى دۇكانغا يېقىنلىشىشقا ئۇرۇنسا، مايمۇن چىرقىراپ خوجايىنىغا بەلگە بېرىدىكەن ـ دە، ئوغرى شۇئان قېچىپ كېتىدىكەن.









ئوغرىلاردىن بىرى بىرقانچە قېتىم بۇ دۇكاندىن بىرنەرسە ئوغرىلاشقا ئۇرۇنۇپ باققان بولسىمۇ، مايمۇن دائىم ھوشيار تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئوغرىلىق قىلالماپتۇ. ئوغرى بۇ ئىشتىن ناھايىتى غەزەپلىنىپ، مايمۇنغا چاندۇرماي ئوغرىلىق قىلىشنىڭ ياخشى بىر چارىسىنى ئىزدەشكە باشلاپتۇ.

ئوغرى ئەسنەشنىڭ باشقىلارغا يۇقىدىغانلىقىنى، ئەگەر بىر ئادەم باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئەسنىسە، باشقىلارنىڭمۇ ئۇ ئادەمگە ئوخشاش ئەسنەيدىغانلىقىنى ئويلاپ، بۇ ئامالنى مايمۇنغا ئىشلىتىپ باقماقچى بولۇپتۇ.







ئوغرى ئۆزىدىن ئېھتىيات قىلىپ تۇرغان مايمۇننىڭ ئالدىغا كەپتۇ ۋە ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلغاندەك قىلىپ، ئەسنەشكە باشلاپتۇ. مايمۇنمۇ ئوغرىغا ئوخشاش ئەسنەشكە باشلاپتۇ. ئوغرى ئۇيقۇسى كەلگەندەك قىلىپ كۆزىنى يۇمۇپتىكەن، مايمۇنمۇ بەك ھېرىپ كەتكەچكە ئۇيقۇسى كېلىپ تاتلىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.


ئوغرى ئاستا دۇكاننىڭ ئىچىگە كىرىپ ئوغرىلىق قىلىپ بولۇپ، قېچىپ كېتىپتۇ.

دۇكاننىڭ ئىگىسى دۇكانغا كېلىپ، مايمۇننىڭ تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەنلىكىنى ۋە دۇكاندىكى نەرسە - كېرەكلەرنىڭ ئوغرىلانغانلىقىنى كۆرۈپ، مايمۇننى ناھايىتى قاتتىق ئۇرۇپ كېتىپتۇ ۋە ئۇنىڭ بوشاڭلىق قىلغانلىقىنى ئەيىبلەپتۇ.

بىرقانچە ۋاقىتتىن كېيىن ھېلىقى ئوغرى يەنە كەپتۇ ھەم ئالدىنقى قېتىمقىدەك ئەسنەشكە باشلاپتۇ.

مايمۇن ئوغرىنى مەسخىرە قىلىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا ھەر خىل ھەرىكەتلەرنى قىلىشقا باشلاپتۇ. خۇددى: «مەن سېنىڭ نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىڭنى بىلىۋالدىم. ئەمدى ھەرگىز ئەسنىمەيمەن» دېگەندەك، بارماقلىرى بىلەن كۆزىنى يوغان ئېچىپتۇ.

ئوغرى بۇ قېتىم قۇرۇق قول قايتىپتۇ. ئەسلىدە ئەقىللىق مايمۇن تۇنجى قېتىملىق ئىشتىن ياخشى ساۋاق ئالغانىكەن.




# قايسىڭلار بۇ تەڭگىنى يوشۇرۇپ قويالايسىلەر؟

سەمىمىي بالا

بۇرۇن بىر تەقۋادار كىشى ئۆتكەنىكەن. ئۇ ناھايىتى بىلىملىك ۋە پاراسەتلىك ئىكەن. قوۋم - قېرىنداشلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدىكەن. ئۇلارغا غەم - قايغۇ ۋە خۇشاللىقلاردا ئورتاق بولىدىكەن. جۈمە ۋە ھېيت كۈنلىرىدە ئۇلارغا پەند - نەسىھەت قىلىدىكەن.





ئۇلارمۇ بىرەر ئىشقا يولۇقسا ئۇنىڭدىن مەسلىھەت ئالىدىكەن. ئۇ كىچىكلەرگە ئاتا، چوڭلارغا قېرىنداش، ئاكا ـ ئۇكا بولۇپ ياشاپتۇ.


كىشىلەر ئۇنى ھۆرمەتلەپ «مۇئەللىم» دەپ چاقىرىدىكەن. مۇئەللىم ئۆزىنىڭ ئۆيىدە بالىلارغا بىلىم بېرىدىكەن ۋە ئۇلارغا ياخشى ئىشلارنى ئۆگىتىدىكەن. دەرس ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ ئەھۋالىغا دىققەت قىلىدىكەن. ئاجىزلارنى رىغبەتلەندۈرىدىكەن. تىرىشچانلارنى ماختايدىكەن. شۇڭلاشقا، بالىلار مۇئەللىمگە تولىمۇ ئامراق ئىكەن.







مۇئەللىم ھەممە ئوقۇغۇچىلارنى ئۆز بالىسىدەك ياخشى كۆرىدىكەن ۋە ئۇلارغا كۆيۈنىدىكەن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىلال ئىسىملىك بىر ئوقۇغۇچىغا ھەممىدىن بەكرەك كۆڭۈل بۆلىدىكەن.





بالىلار بۇنىڭ سەۋەبىنى ئويلىشىپتۇ. ئۇلارمۇ بىلالغا ئوخشاش مۇئەللىمنىڭ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشىگە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىشىپتۇ، لېكىن ئۇلار بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمەپتۇ.

بىر كۈنى دەرس ۋاقتىدا بالىلاردىن بىرى مۇئەللىمدىن سوراپتۇ: «مۇئەللىم، سىزنىڭ بىلالغا ئالاھىدە مۇئامىلە قىلىشىڭىزنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بىزگە ئېيتىپ بەرسىڭىز بولامدۇ؟ بىزمۇ بىلالغا ئوخشاش سىزنىڭ غەمخورلۇقىڭىزغا ئېرىشىشنى چىن دىلىمىزدىن خالايمىز.»

مۇئەللىم يېنىدىن ھەميانىنى چىقىرىپ ھەربىر ئوقۇغۇچىغا بىردىن تەڭگە بېرىپتۇ ۋە ئۇلارغا: «سىلەر بۇ تەڭگىنى ھېچكىم كۆرمەيدىغان بىر جايغا يوشۇرۇپ قويۇڭلار. سىلەرنىڭ سوئالىڭلارغا ئەتە جاۋاب بېرىي» دەپتۇ.






ئەتىسى مۇئەللىم ھەربىر ئوقۇغۇچىدىن ھېلىقى تەڭگىنى قەيەرگە يوشۇرۇپ قويغانلىقىنى سوراپتۇ. بالىلارنىڭ جاۋابى ھەر خىل بولۇپتۇ. بىرى تاغ ئۆڭكۈرىگە، يەنە بىرى كونا تامنىڭ ئاستىغا، يەنە بىرى چوڭقۇر ئازگالغا، يەنە بىرى باغنىڭ بۇلۇڭىغا، يەنە بىرى يالغۇز دەرەخنىڭ تۈۋىگە، يەنە بىرى...

لېكىن، بىلال بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە جىم تۇرۇپتۇ. مۇئەللىم ئۇنىڭغا قاراپ: «بىلال، سەنچۇ؟ سەن تەڭگىنى قەيەرگە يوشۇرۇپ قويدۇڭ؟» دەپ سوراپتۇ.

بىلال دۇدۇقلىغىنىچە: «مۇئەللىم، مەن تەڭگىنى ھېچ يەرگە يوشۇرۇپ قويمىدىم، تەڭگە مانا!» دەپ قولىدىكى تەڭگىنى كۆرسىتىپتۇ.





مۇئەللىم ئۇنىڭدىن: «نېمە ئۈچۈن تەڭگىنى يوشۇرۇپ قويمىدىڭ؟» دەپ سوراپتۇ.

بىلال جاۋابەن مۇنداق دەپتۇ: «مۇئەللىم، سىز مېنى تەڭگىنى ھېچكىم كۆرمەيدىغان جايغا يوشۇرۇپ قوي! دېگەنىدىڭىز، مەن قەيەرگە بارماي ئاللانىڭ مېنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم، شۇڭلاشقا بۇ تەڭگىنى ھېچ يەرگە يوشۇرالمىدىم.»

بۇ ۋاقىتتا مۇئەللىم بالىلارغا قاراپ مۇنداق دەپتۇ: «مانا بۇ مېنىڭ بىلالنى ياخشى كۆرۈشۈمنىڭ سەۋەبى، چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ سەمىمىيتى ۋە ئېتىقادى بىلەن ھەممىڭلاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.»

مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى : خالمۇرات غۇلام

كۆزەتچى مايمۇن

قايسىڭلار بۇ تەڭگىنى

يوشۇرۇپ قويالايسىلەر؟

ISBN 978-7-5372-4561-6

9 787537 245616 >

ISBN 978-7-5372-4561-6

（民文） 定价： 5.00 元